2020 ـ يىل 12 ـ ئاي

1

سەيشەنبە

维吾尔文 12 月1日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65-0002/-W :مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25262 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

## «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى»نى قاراپ چىقتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يىغىن ئاچتى، يىغىندا «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى نىزامى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» قاراپ چىقىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: سىياسىي خىزمەت خەلق ئارمىيەسىنىڭ جان تومۇرى، ئۇنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. «ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمەت نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، پارتىيەنىڭ ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە ئارمىيەنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئارمىيەسى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، يېڭى دەۋردە ئارمىيەنىڭ بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە ئارمىيەگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈپ پرىنسىپ ۋە تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ئارقىلىق روھنى تاۋلاپ ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇتلەق سادىق، مۇتلەق ساپ، مۇتلەق ئىشەنچلىك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، تۈرلۈك سىياسىي خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئارمىيەنىڭ سىياسىي خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك. دىققەتنى، كۈچنى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي خىزمەتنى جەڭگىۋارلىق قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ھەربىي كۈرەش تەييارلىقىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا يۇغۇرۇپ، قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق جەڭگىۋارلىق ئۆلچىمىنىڭ پۈتۈن ئارمىيەدە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي خىزمەت تۈپ پرىنسىپى ۋە تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي خىزمەت تەپەككۇر ـ ئىدىيەسى، يۈرۈشۈش ئەندىزىسى، يېتەكچىلىك شەكلى، ئۇسۇل ـ ۋاستىسىدە يېڭىلىق يارىتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، سىياسىي خىزمەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئەۋزەللىكى بىلەن ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ يۇكسەك يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىياسىي ئېكولوگىيەنى سىجىل ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، شەكلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



قاردىن كېيىنكى بورتالا دەرياسى جىلغىسى

قاردىن كېيىنكى بورتالا دەرياسى جىلغىسى خۇددى سىياھ رەسىمدەك گۈزەل تۈسكە كىردى. (11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇچقۇچسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان). □ خۇ ۋېيىن فوتوسى

### شى جىنپىڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتىدىكى پېشقەدەم يولداشلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلايدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغۇتىدىغان نادىر دەرسلىكلەرنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا خەلق مائارىپ نەشرىياتىدىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، خەلق مائارىپ نەشرىياتىدىكى بارلىق يولداشلارغا سالام يوللىدى، دەرسلىك تۈزۈش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە بولغان سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: 70 يىلدىن بۇيان، خەلق مائارىپ نەشرىياتى ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكلىرى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جاۋاب خەت

**خەلق مائارىپ نەشرىياتىدىكى پېشقەدەم يولداشلار:**

ياخشىمۇسىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. 70 يىلدىن بۇيان، خەلق مائارىپ نەشرىياتى ئاساسىي مائارىپ دەرسلىكلىرى ۋە مائارىپ كىتابلىرىنى تۈزۈش، تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىشتا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، داۋاملاشتۇرۇپ كۈرەش قىلىپ، دۆلىتىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشتى، مەن سىلەرگە ۋە پۈتۈن نەشرىياتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە سەممىي سالام يوللايمەن!

100 يىللىق ئۇلۇغۋار پىلاندا مائارىپ ئاساس. خەلق مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يىلتىزنى پەرۋىش قىلىپ روھنى تاۋلايدىغان، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغۇتىدىغان نادىر دەرسلىكلەرنى كۆڭۈل قويۇپ يارىتىپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش، مائارىپ كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

## جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، جۇڭگوچە خاسلىققا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيە ئىلمى بەرپا قىلىپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 23 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، جۇڭگوچە خاسلىققا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيە ئىلمى بەرپا قىلىپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش كېرەك» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۈگۈنكى جۇڭگو كەڭ ھەم چوڭقۇر جەمئىيەت ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق ياراتماقتا. بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشىمىز جەزمەن تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىگە قۇرۇلۇشى، جەزمەن تارىخىي توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلىشى كېرەك. ئارخېئولوگىيە خىزمىتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گۆھەرلىرىنى نامايان قىلىدىغان ۋە بەرپا قىلىدىغان مۇھىم خىزمەت. تارىخنى تونۇش ئارخېئولوگىيە ئىلمىدىن ئايرىلالمايدۇ. جەزمەن ئارخېئولوگىيە خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە**

# ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش

**شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»غا نەزەر**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن جياڭۋېي

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنگە قەدەر، ئالاتاۋ پورتىدا بۇ يىل چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى 4500 قېتىمدىن ئاشتى. ئۇنىڭ ئالدىدىلا، قورغاس پورتىدا بۇ يىل چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى 4000 قېتىمدىن ئاشتى. شىنجاڭدىكى ئىككى چوڭ پورتتا چېگرادىن كىرىپ ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ سانىدا قوش يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى ۋە ئورنى نامايان قىلىندى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ ئېچىۋېتىشنى ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا كىرگۈزۈپ، مەبلەغ سېلىش ۋە سودىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، دۇنيا بىلەن بولغان يۇغۇرما تەرەققىياتنىڭ يېڭى مېلودىيەسىنى ياڭراتتى.

**ئاساسنى كۈچەيتىش**

**ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنى بېيىتىش**

بۇ يىل، گوۋۇيۈەن جۇڭگو ـ قازاقىستان قورغاس خەلقئارا چېگرا ھەمكارلىق مەركىزى جۇڭگو تەرەپ يانداش رايونىنى بىرىكتۈرۈپ ئەللاشتۇرۇپ، قورغاس ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى قىلىشقا رەسمىي تەستىقىي جاۋاب بېرىپ قوشۇلدى.

خەۋەر تارقىلىشى بىلەن، باجدىن خالىي رايونغا ماكانلاشقان كارخانىلار خۇشاللىققا چۆمدى. مەلۇم بىيو پەن ـ تېخنىكا شىركىتى ماكانلاشقاندىن بۇيان، ئىزچىل قازاقىستاندىن سېرىق پۇرچاق، بۇغداي قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىپ پىششىقلىغاندىن كېيىن، ئاندىن دۆلەت ئىچىگە ساتتى. بۇ قېتىم، ئۇلار بىرىنچى ۋاقىتتا ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون سىياسىتى — قوشۇلما قىممەت بېجىغا ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچى سالاھىيىتى بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. مەخسۇس باجدىن خالىي رايوندىكى كارخانىلارغا قارىتىلغان بۇ ئېتىبار بېرىش تەدبىرى كارخانىلارنى قوشۇلما قىممەت بېجى بويىچە ئادەتتىكى باج تاپشۇرغۇچى مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم تاموژنا بېجىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

بۇ شىركەتنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: تاموژنا بېجىدا ئېتىبار بېرىشتىن باشقا، باجدىن خالىي رايوندىكى كارخانىلار يەنە رايون ئىچىدە ھاۋالىلىك پىششىقلاش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇ، كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، زاكاز يېتەرلىك بولماي، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى بىكار قالغاندا، دۆلەت ئىچىدىكى باشقا كارخانىلار پىششىقلاشنى ھاۋالە قىلغان زاكازنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، تىجارەت دائىرىسىنى بېيىتىپ، كارخانىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرالايدۇ.

ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون ئېچىۋېتىش ۋاستىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىزچىل تۈردە بۇنىڭ ئىچىدىكى سىياسەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى سۇپا بولۇپ كەلدى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ ئېچىۋېتىش ۋاستىسى قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### تارباغاتاي ۋىلايىتىدە:

# 30%تىن ئارتۇق توك چىقىرىش مىقدارى پاكىز ئېنېرگىيەدىن كەلگەن

**5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لياڭ لىخۇا، جېن شىشىن، دۇۋ شىڭجۈنلەر**نىڭ تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىرغا قەدەر، بۇ يىل تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى 7 مىليارد 440 مىليون كىلوۋات سائەت، بۇنىڭ ئىچىدە ھاسىلىي ئېنېرگىيەدىن توك چىقىرىش مىقدارى 2 مىليارد 460 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ 30%تىن ئارتۇقراقى ھاسىلىي پاكىز ئېنېرگىيەدىن كەلگەن.

تارباغاتاي ۋىلايىتى «سۇزۇك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئېچىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، پاكىز ئېنېرگىيە ئارقىلىق پار بىلەن تەمىنلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى پۈختا ئالغا سىلجىتتى.

«توك ئارقىلىق ئىسسىتىش كۆمۈر قالاشنىڭ ئورنىنى ئىگىللىگەندىن بۇيان، ئۆي ئىچى پاكىز، ئىسسىق بولدى، ئۆي سىرتىنىڭ ھاۋاسى ياخشىلاندى، ئاسمان تېخىمۇ كۆك رەڭگە كىردى» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، چۆچەك شەھىرى جېڭتەي شىنزو ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالە لى جىڭخۇا خۇشال ھالدا.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

### ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئېلېكتر ئېنېرگىيە + بېيدوۋ» دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

# ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى چارلاپ تەكشۈرۈش «ئۆتكۈر كۆز»ى ئورنىتىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭ**ۋېينىڭ دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئېلېكتر ئېنېرگىيە + بېيدوۋ» دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. بۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 126 بېيدوۋ يەر يۈزى كۈچەيتىش ئاساسىي پونكىتىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ئېلېكتر تورى 220 كىلوۋولتلۇق ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئاساسلىق ترانسفورماتور پونكىتىنى قاپلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئېلېكتر ئېنېرگىيە + بېيدوۋ» دەل جايىدا مۇلازىمەت قىلىش سىستېمىسى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسى ۋە يەر يۈزى كۈچەيتىش ئاساسىي پونكىتىدىن

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)